☐ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# ئېقىمغا قارشى ئىش كۆرگۈچىلەر مۇقەررەر ئۆز بېشىغا چىقىدۇ

☐ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى (ئىدارە باشلىقى) مەخمۇت ئوسمان

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ، بوھتان چاپلاپ، قارا چاپلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. پومپېئونىڭ بۇ خىل نومۇسسىز قىلمىشىغا مەن كۈچلۈك غەزەپلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

شىنجاڭ پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەيلى نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بىردەك باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، قانۇن بويىچە ئوخشاش ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ، پۇقرالارنىڭ سىياسىي ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قوغدالدى، ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئەۋج ئالدۇرۇلدى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەشرەپى ئايرىم - ئايرىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى» ۋە «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاساسلىقى ئون خىل تىل ۋە يېزىقنى ئىشلىتىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات - نەشرىيات، رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى، جەمئىيەت ئاممىۋى ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقى - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى.

شىنجاڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۇقرالار پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ. ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىسى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ھەم ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بارغان بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە دىنىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالار ئۆزى ئىگە بولۇپ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ شارائىتى ياخشىلاندى، ئەسلىھەلىرى تېخىمۇ تولۇق بولۇپ، مۇھىتى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى، موڭغۇلكۈرە شېگيۇ بۇتخانىسى قاتارلىق 109 جايدىكى دىنىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ۋە سەككىز شۆبە شۆيۈەن، ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن ئىبارەت جەمئىي ئون دىنىي مەكتەپ قۇرۇپ، دىنىي زاتلارنى دائىملىق تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك ۋارىسلىق قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۇسۇلى ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پومپېئونىڭ ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» پۈتۈنلەي يامان غەرەزدىكى بوھتان، سىياسىي سۇيىقەستكە تولغان يالغان - ياۋىداق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشتەك رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلىدى. ھازىرقى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇيدىغان» ھەرقانداق رەزىل سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. كىمكى ئېقىمغا قارشى ئىش كۆرۈشكە پېتىنىدىكەن، مۇقەررەر ئۆز بېشىغا چىقىدۇ.

# پومپېئو، «سىياسىي ۋىرۇس»نىڭ نەق ئۆزى

☐ قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى زۇمرەت ئوبۇل

پومپېئودىن ئىبارەت «يالغان سۆزلەش، ئالدامچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش»نى بەلگە قىلغان ئامېرىكا تارىخىدىكى بۇ ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بەئەينى «سىياسىي ۋىرۇس»نىڭ نەق ئۆزى. ئۇ ئاخىرقى كۈنىدىكى «ئويۇن»دا، ئەڭ ئاخىرقى ئويات لاتىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۇڭگوغا قارشى ئويۇنىنى ئەۋجىگە چىقاردى، كۆپ باش قاتۇرۇپ «ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىقى» بىلەن «سىياسىي مىراس» قالدۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ رەسۋاچىلىقى غالجىر ئىتتەك قاۋاش، كۈلكىگە قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭنىڭ قومۇل شەھىرىدە، ھەرقانداق بىر ئاددىي ئائىلىنىڭ ھەقىقىي ھېكايىسى پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلىيالايدۇ.

شىنجاڭ قومۇلدا، ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەر كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ھەر مىللەت پۇقرالار بىللە تۇرۇپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، بىللە كۆڭۈل ئاچىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش، نەپەسلىنىشكە ئوخشاش تەبىئىي. مەسىلەن، ئېيۇرغول رايونى قارادۆۋە بازىرىدىكى كەشتىچى رەناگۈل سوپى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى — قومۇل ئۇيغۇر كەشتىچىلىك ھۈنىرىنىڭ ۋارىسى. 2016 - يىلى دۆلەت قومۇلدا ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت خىزمەت پونكىتى قۇردى، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە رەناگۈل بىلەن شاڭخەيدىن كەلگەن زاكازلىق ئالىي مۇراسىم كىيىمى لايىھەلىگۈچىسى چىن شۇنىڭ رىشتىسى باغلاندى، ئىككىيلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنى شاڭخەي مودا كىيىم ھەپتىلىكى، پارىژ مودا كىيىم ھەپتىلىكىگە ئېلىپ كىردى. رەناگۈل: چىن شۇ ئاپامنىڭ يەنە بىر قىزى، دەيدۇ. يەنە مەسىلەن، تاھىرجان نىياز قومۇلدىكى بىر شامالدۇرغۇچ ياساش كارخانىسىنىڭ ئىشچىسى، ئۇ ئۇستىسى فۇ خېنيەن بىلەن بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتىدۇ. ئۇستىدىن چىقاندىن كېيىن تاھىرجان ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان بەش شاگىرتنى تەربىيەلىدى. كارخانىنىڭ ئۈنۈمى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ گۈللەپ ياشنىدى. بۇنداق قەلبداش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە پومپېئونىڭ تۆھمىتى بۆلگۈنچىلىك سالالامتى؟

شىنجاڭ قومۇلدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك بولۇپ، بىرمۇ مىللەت، بىرمۇ ئائىلە، بىرمۇ كىشىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىقى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2017 - يىلى، قومۇل شەھىرى ئىككى نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش، 28 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈپ چىقىش، 4750 ئائىلىدىكى 15 مىڭ 983 ئادەمنى تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 2020 - يىلى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 12 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ۋارىسلىق قىلىندى، ھەر مىللەت خەلق ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى، مەسچىتلەرگە ھاۋا تەڭشىگۈچ، تېلېۋىزور، پار ئورنىتىلدى، يەنە تەرەت ئېلىش ئۆيى ۋە كۇتۇپخانا سېلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى تولۇق قاندۇرۇلدى. خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان بۇنداق ئىناق، بەختلىك مەنزىرىنى پومپېئو خالىغانچە قارا چاپلاپلا بۇزغۇنچىلىق قىلالامتى؟

شىنجاڭ قومۇلدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى چوڭقۇر. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، مىللەت ئايرىماي، ئەر - ئايال، ياشانغان - ياش دەپ ئايرىماي، ھەممىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاكتىپلىق بويسۇنۇپ، ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق كۆڭۈل بۆلدى، كۈچ چىقاردى. قان تومۇرغا سىڭىپ كەتكەن بۇنداق چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە پومپېئونىڭ يالغان سۆزلىرى تۆھمەت چاپلىيالامتى؟

كاللىسى سۇيىقەستكە تولغان، قورسىقى ھىيلە - مىكىرگە تولغان، پۈتۈن بەدىنىدىن تارىخ ئەخلەتلىرىنىڭ سېسىق ھىدى تارقىلىپ تۇرىدىغان، «سىياسىي ۋىرۇس» تارقىتىدىغان پومپېئودىن ئىبارەت بۇ «ئاغرىق»نى ھەقىقەتەن قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ.

# پومپېئونىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىگە قاراپ باقايلى

☐ ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مەردان مۇقىيت

پومپېئودىن ئىبارەت بۇ «ۋابا تارقاتقۇچى» جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندىمۇ، خۇددى غالجىر ئىتتەك يەنىلا شىنجاڭغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، ھۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر قېتىم دۇنيا ئەھلىگە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ «ۋابا تارقاتقۇچى»لىق ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا پومپېئونىڭ شەرمەندىلەرچە قىلغان تۆھمىتى، پەسكەش قىلمىشىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

پومپېئونىڭ شىنجاڭ «ئىرقىي يوقىتىش»نى يولغا قويدى دەپ ھۇجۇم قىلىشى پۈتۈنلەي زەھەرخەندىلىك بىلەن ئىغۋا توقۇغانلىق. مەن پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا 18 يىل خىزمەت قىلغانىدىم، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈردۇم، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوينىدا نەقەدەر ئىللىق ۋە بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۆتكەن 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمرى 30 ياشتىن 72 ياشقا ئۇزاردى. ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئاشتى. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شىنجاڭدا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 13.99% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 25.04% ئاشقان، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسى 2% ئاشقان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى بولغان، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان. سوراپ باقسام، دۇنيادا نوپۇس مۇشۇنداق تېز سۈرئەتتە ئاشىدىغان ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» بولامدۇ؟ پومپېئو ھەتتا ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتنىمۇ بىلمەيدۇ!

پومپېئونىڭ شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى» دەپ ھۇجۇم قىلىشى پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار بويىچە، باراۋەر، ئىختىيارلىقىدا بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللاپ، كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، تېگىشلىك ھەققە ئېرىشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان جايىنى تاللاشمۇ ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش - دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى - ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە قوغدالدى، ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس. پومپېئونىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىغا ھۇجۇم قىلىشى، قارا چاپلىشى تۇتۇرۇقسىز پىتنە - ئىغۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پومپېئونىڭ شىنجاڭ «كىشىلىك ھوقۇققا كەڭ كۆلەمدە دەخلى - تەرۇز قىلدى» دەپ ھۇجۇم قىلىشى پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك. سى ماجاۋنىڭ نىيىتى ھەممىگە ئايان. پومپېئو كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا ئۇنىڭ يالغان كۆڭۈل بۆلۈپ، راست ئارىلىشىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن سىياسىي دەسمايىسىنى پەردازلاپ كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئىلگىرىلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدا بىرمۇ زوراۋانلىق تېرورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلوسى، ئامانلىق دېلوسى، ئاممىۋى بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلوسى ۋە ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەسىنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى تىنچ، مۇقىملىققا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئۈمىدى ئىشقا ئاشتى. ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى. 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 128 مىليارد 230 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 157 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.7% ئاشتى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.1% ئاشتى. ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر ياخشىلىنىپ، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى، بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردە يوللار قاتناشتۇرۇلدى، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنىدى، ئېنېرگىيە توكى يەتكۈزۈلدى، ئوپتىك تالالىق كەڭ بەلباغ تۇتاشتۇرۇلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليوندىن ئارتۇق كىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنت، 32 نامرات ناھىيە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى. شىنجاڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تولۇق قاپلاندى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاندى، ھەربىر ئادەم ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ۋە كۆنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان داۋالىنىش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 10 مىليوندىن ئارتۇق ئاما بىخەتەر، راھەت يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى بەختلىك، شېرىن قىلدى، كەڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇ بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتلەنگۈچىلىرى ۋە بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن گۇۋاھچىلىرى. بۇ، پومپېئو قارا چاپلىيالمايدىغان ھەقىقىي پاكىت.

«شۇ كىچىك شار ئۈستىدە، يۈرىدۇ بىرنەچچە چىۋىن تامغا ئۇسۇپ، دوقۇرۇپ. زارلىشار گىژ - گىژ قىلىپ، گاھى ئاھ - پەرياد ئۇرۇپ، گاھى يىغلاپ، بوغۇلۇپ. ئاق چۈمۈلە بىز چوڭ ئەل دەيدۇ سىدىگە تايىنىپ، قارا چۈمۈلە لىڭشىتالامدۇ دەرەخنى زورۇقۇپ.» ئەينى يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرگە قارىتىپ يازغان بۇ شېئىرنى ھازىر پومپېئودىن ئىبارەت بۇ «ۋابا تارقاتقۇچى»غا سوۋغا قىلىشقا بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقان قۇدرەتلىك كۈچنى پومپېئو قارا چۈمۈلىدەك كۈچى بىلەن قانداقمۇ تەۋرىتەلىسۇن؟! پومپېئونىڭ ھەر خىل چۈپرەندىلەرچە قىلمىشلىرى مۇقەررەر تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ، ھەر خىل بىمەنە يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىمۇ ئاخىر تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

بولدى بەس، «ۋابا تارقاتقۇچى» پومپېئو!